# دۇنخۇاڭ تەتقىقات يۇرتىدىكى سۆھبەت يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

(بېشى 1 - بەتتە)

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: دۇنخۇاڭ مەدەنىيىتى دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان كۆلىمى ئەڭ زور، داۋاملاشقان ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق، مەزمۇنى ئەڭ مول، ئەڭ مۇكەممەل ساقلانغان سەنئەت خەزىنىسى، دۇنيا مەدەنىيلىكى قاينىمىدا جۇلالانغان بىر گۆھەر، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، ھەربىي ئىشلار، مەدەنىيەت، سەنئەتنى تەتقىق قىلىدىغان قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال. دۇنخۇاڭ مەدەنىيىتىنى قوغداش - تەتقىق قىلىش خىزمىتى ناھايىتى ئەھمىيەتكە ئىگە، ناھايىتى نەتىجە - ئۇتۇقمۇ ئىگە.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: دۇنخۇاڭ مەدەنىيىتى تۈرلۈك مەدەنىيلىكلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئالماشتۇرۇلۇش، يۇغۇرۇلۇشىنىڭ جەۋھىرى. جۇڭخۇا مەدەنىيلىكى كۆڭۈل - كۆكسى دېڭىزدەك كەڭ بولۇش، ئېچىۋېتىشچان، سىغدۇرۇشچان بولۇشتەك كەڭ قورساقلىقى بىلەن، سىرتنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىپ، ئۆرنەك قىلىپ، خاس - ئۆزگىچە دۇنخۇاڭ مەدەنىيىتى ۋە يىپەك يولى روھىنى ياراتتى. دۇنخۇاڭ مەدەنىيىتى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت ئىشەنچىنى نامايان قىلدى. دۇنخۇاڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇشتا، ھەم دۇنخۇاڭ مەدەنىيىتى ۋە تارىخىي يادىكارلىقلار ئۆز ئىچىگە ئالغان پەلسەپىۋى ئىدىيە، ئادەمىيەت روھى، قىممەت قارىشى، ئەخلاق ئۆلچىمى قاتارلىقلارنى چوڭقۇر قېزىش، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇلار ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت روھى، مەدەنىيەت كۆڭۈل - كۆكسى ۋە مەدەنىيەت ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ ئېچىپ بېرىپ، يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنى مەنىۋى تىرەك بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: دۇنخۇاڭ مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشقا مۇلازىمەت قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى پائال تارقىتىپ، لىنىيە بويىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئەل رىشتىنى تۇتاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى خەلقئارالىق كۆرگەزمە پائالىيىتى ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش سۆھبىتىنى قانات يايدۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ دۇنخۇاڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش ۋە دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقات نەتىجىلىرىنى نامايان قىلىپ، تىرىشىپ دۇنخۇاڭشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ سۆز ھوقۇقىنى ئىگىلەش كېرەك. پەن تەتقىقات خىزمەتچىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاسراپ، ئىختىساسلىقلارنى رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پەن تەتقىقات خىزمەتچىلىرىنىڭ تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇشى، ئۆگىنىپ بىلىمنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى، تەتقىقات - بىلىم ئاشۇرۇشى، ئالماشتۇرۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى سۇپا ھازىرلاپ، پەن تەتقىقات قوشۇنىنىڭ كەسپلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

«ئوقۇتۇرۇش»تا مۇنۇلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: ئىنتىزامغا، قائىدىگە قاتتىق رىئايە قىلىشنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى قىلىپ، ئارمىيەنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشنى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پۈتۈن جەريانىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ ئاكتىپ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، باتۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلىپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا پائال تۆھپە قوشۇش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلار يۇقىرىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرگە باشلامچى بولۇش، ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇش، ئالدىدا ئۆتۈپ قوماندانلىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كەڭ ئوفىتسېر - ئەسكەرلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ مۇھىم تاپشۇرۇقنى يەردە قويماي، بۇرچنى ئادا قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق پارتىيە ۋە خەلققە لاياقەتلىك جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇشى كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

بىرتۇتاش قوماندانلىق قىلىش، بىرتۇتاش ھەرىكەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈپ چىڭ ساقلاپ، قاتتىق ئالدىنى ئېلىپ - تىزگىنلەپ، ۋەزىيەتنى ئىلمىي تەھلىل قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىپ، يۇقۇم ئەھۋالىنى ئېنىق، توغرا ئىگىلەپ، تېخىمۇ چىڭ مەسئۇلىيەت، تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىر، تېخىمۇ ئەمەلىي ئىستىل ئارقىلىق، يۇقۇمنى كۆزىتىش - ئۆلچەش، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئاغرىقلارنى ئىلمىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش، ماددىي ئەشيا تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش، تەشۋىقات - ئاممىۋى پىكىر يېتەكچىلىكى، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئىككىنچى، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى چوڭقۇر، ئىنچىكە ياخشى ئىشلەش كېرەك. بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، توغرا يۆنىلىشتە چەتكىچە، تىك يۆنىلىشتە تېگىگىچە يەتكۈزۈلگەن، قاپلىنىشى پۇختا بولغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تورىنى شەكىللەندۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ تارقىلىش، كېڭىيىش خەۋپ - خەتىرىدىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك؛ مەھەللە، يېزا - كەنتلەردە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىرىلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنى ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، سىرتتىن شىنجاڭغا كەلگەن كىشىلەرنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك؛ شىنجاڭغا قايتقان كىشىلەرگە ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئەسكەرتمە ئۇچۇرلىرىنى تارقىتىپ، شىنجاڭغا قايتقان كىشىلەرنى ۋاقتىدا تۇرۇشلۇق مەھەللىلەرگە بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرۇشنى ئەسكەرتىپ، بايرامدىن كېيىن شىنجاڭغا قايتقان كىشىلەرگە بولغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئەستايىدىل، ئىنچىكە ياخشى ئىشلەش كېرەك؛ قاتناشنى كارانتىن قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، ئادەم زىچ توپلاشقان سورۇن ۋە ئاممىۋى قاتناش قوراللىرىنى تازىلاش، دېزىنفېكسىيە قىلىش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى كۈچەيتىپ، كىشىلەرنىڭ يۆتكىلىشى ۋە يىغىلىشىنى ئازايتىش كېرەك.

ئۈچىنچى، ئىلمىي قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئاغرىقلارنى مەركەزلەشتۈرۈش، مۇتەخەسسىسلەرنى مەركەزلەشتۈرۈش، بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈش، قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى مەركەزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ ئەلا سۈپەتلىك داۋالاش بايلىقىنى تەڭشەپ، ئەڭ ئىلغار داۋالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، بىرمۇبىر لايىھە تۈزۈپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ يۇقۇملانغان ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش - داۋالاش كېرەك. بېكىتىلگەن دوختۇرخانا، قىزىتما ئامبۇلاتورىيەسى، بېكىتىلگەن ئاغرىقلار رايونى، دوختۇر - سېستىرالار قوشۇنى قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەت تەلەپلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېببىي خادىملارنى تەربىيەلەش ۋە بىخەتەرلىك مۇداپىئەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قېلىپلاشقان بىر تەرەپ قىلىش تەرتىپىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ، ئىلمىي تەدبىر قوللىنىپ، دەل جايىدا قۇتقۇزۇش - داۋالاش كېرەك.

تۆتىنچى، ھەقىقىي تۈردە ماددىي ئەشيا تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. دورا، دېزىنفېكسىيە بۇيۇملىرى، مۇداپىئەلىنىش بۇيۇملىرى، قۇتقۇزۇش - داۋالاش سايمانلىرى قاتارلىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ماددىي ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، يۆتكەش، زاپاس ساقلاش، تەمىنلەش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، تۈرلۈك تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرىنى زاپاس ساقلاش، تەشكىللەش ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلىشنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، ماددىي ئەشيالارنى توشۇش يېشىل يولىنى راۋانلاشتۇرۇپ، تەمىنلەشنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا، سۈپەت كاپالىتىگە، باھانىڭ مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

بەشىنچى، ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ھەرقايسى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار جەڭگىۋار قورغانلىق رولى ۋە ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىگە ئاتلىنىشنى ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشنى نامايان قىلىشتىكى سىناق تېشى ۋە بىلەي تېشى قىلىپ، خەلق مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئېغىر يۈكنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىسىگە ئېلىشى، سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىشى كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە بارلىققا كەلگەن ئىلغار تىپلار ۋە تەسىرلىك ئىش ئىزلارنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك.

ئالتىنچى، ھەر مىللەت ئاممىغا يېقىندىن تايىنىش كېرەك. ئاممىنى كەڭ سەپەرۋەر قىلىپ، ئاممىنى تەشكىللەپ، ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئاكتىپچانلىقى، تەشەببۇسكارلىقىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ھەربىر ئورۇن، ھەربىر كوچا، ھەربىر يېزا - بازار، ھەربىر مەھەللە، ھەربىر كەنت، ھەربىر ئائىلىگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاممىۋى ئالدىنى ئېلىش، ئاممىۋى تىزگىنلەشنىڭ مۇستەھكەم مۇداپىئە سېپىنى قۇرۇپ، ئاممىۋى ئالدىنى ئېلىش، ئاممىۋى تىزگىنلەشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك. ئىلمىي مۇداپىئەلىنىش بىلىملىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئالاقىدار سىياسەت - تەدبىرلەرنى ياخشى چۈشەندۈرۈپ، ئاممىنىڭ ساغلاملىق ئېڭى ۋە ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

يەتتىنچى، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. پۈتۈن شىنجاڭ «بىر تاختا شاھمات»، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك «بىر تاختا شاھمات» بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۇەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەردىكى رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇشى، ئالدىدا ئۆتۈپ قوماندانلىق قىلىشى، ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىشى، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشى، مەسئۇلىيەتچان بولۇشى، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشى كېرەك؛ ھەقىقىي تۈردە خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، تېخىمۇ قاتتىق، تېخىمۇ ئىنچىكە، تېخىمۇ پۇختا بولۇش ئىستىلى ئارقىلىق تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى كەم - كوتىسىز ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك؛ نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك سالمىقىنى زورايتىپ، ئىپادىسى گەۋدىلىك بولغانلارنى مۇكاپاتلاش، تەقدىرلەش، دادىل ئىشلىتىش، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان، ئىستىلى تۇراقسىز، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كۈچلۈك بولمىغانلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى قاتتىق سۈرۈشتۈرۈش كېرەك.

سەككىزىنچى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك. بىر قولدا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى تۇتۇش، بىر قولدا مۇقىملىقنى قوغداشنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

قېتىمدىن ياخشى كۆرۈپ چىقىپ، ئېنېرگىيە تولۇقلىدىم.» ئۈرۈمچى شەھىرى ئاھالىسى گو جىڭ مۇنداق دېدى: بۇ يىل چاغاندا ئۆيدە «ئولتۇرۇپ» خاتىرجەم كىتاب كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم.

«يۇقۇم يۈزبەرگەن ئەھۋالدا، بىزنىڭ قىلالايدىغىنىمىز سىرتقا ئاز چىقىش، ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمەسلىك.» گو جىڭنىڭ مۇخبىرغا ئېيتىشىچە، ئۇ بۇ يىل ئادىتىنى ئۆزگەرتىپ، تېلېفون قىلىش ياكى ئۈندىداردا سىن يوللاش ئارقىلىق چاغاننى مۇبارەكلەپ كۆڭلىنى ئىزھار قىپتۇ. گەرچە سىرتقا چىقمىغىلى بىر نەچچە كۈن بولغان بولسىمۇ، لېكىن گو جىڭ ئۆيدە «ئولتۇرغان» ۋاقىتلىرىدىن بەك ھۇزۇرلانغان. كىتاب كۆرگەندىن باشقا، ئۇ يەنە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ، ئاشخانىدا تاماق ئېتىپ، ئادەتتە جاپا چېكىدىغان چوڭلارنىمۇ ئارام ئالدۇرغان.

### مەدەنىيەت چاغىنى ئۆتكۈزۈش

بىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا، دىڭ شياۋنىڭ ئۈندىدار دوستلار چەمبىرىكىدە باللارنىڭ خەتتاتلىق ئەسەرلىرىنى چىقىرىپ، نۇرغۇن دوستىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى.

«چاغان مەزگىلىدە، مەن يەنە باللارغا باللار ھېكايىسى نۇسخىسىدىكى ‹غەربكە ساياھەت›نى قويۇپ بەردىم. ھېكايىنى بىر نەچچە قېتىم ئاڭلىغاندىن كېيىن، بىز باللار بىلەن بىللە ‹غەربكە ساياھەت›تىكى روللارنى ئېلىپ، ھەم باللارنىڭ ھېكايىدىكى ۋەقەلىكلەرگە بولغان چۈشىنىش خاتىرىسىنى چوڭقۇرلاشتۇردۇق، ھەممىمىز يەنە ھەرىكەت قىلىپ پۇت - قوللىرىمىزنى ئارام ئالدۇردۇق. گەرچە سىرتقا چىقالمىساقمۇ، ئۆيدە ئوخشاشلا ئۆگىنىپ، ئاتا - ئانا ۋە بالىلىق مۇناسىۋەتنى كۈچەيتكىلى بولىدىكەن» دېدى دىڭ شياۋنىڭ.

«90 - يىللاردا تۇغۇلغان» چېن يىخەن بىر مەدەنىيەت تاراتقۇ شىركىتىدە خىزمەت قىلىدىغان بولۇپ، ئادەتتە ھۆججەتلىك فىلىم كۆرۈشنى ياخشى كۆرىدىكەن، چاغانلىق دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇ «كۆك رەڭلىك پىلانېت» «سەنئەتنىڭ كۈچى» «مەن گۇگۇڭ سارىيىدا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى رېمونت قىلىمەن» قاتارلىق نۇرغۇن ھۆججەتلىك فىلىمنى كۆرۈپتۇ. «بۇ ھۆججەتلىك فىلىملەرنى كۆرۈش ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر خىل ئۆگىنىش ۋە خىزمەت ماتېرىياللىرىنى توپلاش. شۇنداقلا مېنىڭ ئۆيدىن چىقماي تۇرۇپلا كۆپ قېتىم ‹يەر شارى ساياھىتى›نى تاماملىغانلىقىمغا باراۋەر بولدى!»

**(مۇخبىرلىرىمىز رېن جياڭ، لى لى، جيا چۈنشيا يازغان)**

---

(بېشى 1 - بەتتە)

1 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، جۇڭگو جەنۇب ئاۋىياتسىيە پاي چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ شۆبە شىركىتىنىڭ شىنجاڭدىن خۇبېيغا تۇنجى تۈركۈمدە ماڭدىغان داۋالاش ئەترىتىنى توشۇشنى ئىجرا قىلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، شۇ كۈنى نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان شىركەت ئۇچۇش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى خۇ شيۇڭ بىرىنچى بولۇپ ئۆزىنى تىزىمغا ئالدۇردى: «مەن پارتىيە ئەزاسى، مەن ئالدى بىلەن بارىمەن!»

خۇ شيۇڭ شىركەتنىڭ ئۇچۇش يېتەكچىسى، كەسپىتىكى غوللۇق خادىمى ئىدى. بۇنداق پەۋقۇلئاددە چوڭ كاپالەت ۋەزىپىسى ئالدىدا، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا مېڭىپ: «مېنىڭ يولۇچىلار ئايروپىلاننى ياخشى ھەيدەپ، شىنجاڭدىن خۇبېيغا بارىدىغان داۋالاش ئەترىتىنى ۋۇخەنگە بىخەتەر يەتكۈزۈشكە ئىشەنچىم بار» دېدى.

14 يىللىق پارتىيە ئىستاژىغا ئىگە يېڭىسار ناھىيەسى قاتناش چوڭ ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى چى سۈۋېي ئوخشاشلا ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىگە قاتناشتى. چى سۈۋېي ئۆيدە چاغان ئۆتكۈزۈپ باقمىغىنىغا قانچە يىل بولغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيتتى. بۇ يىل، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى تۆت ياشقا كىرگەن قىزىنى ئېلىپ يۇرتى جياڭسۇدىن يېڭىسار ناھىيەسىگە كېلىپ ئۇلار بىلەن جەم بولۇپ چاغاننى بىللە ئۆتكۈزمەكچى بولدى. «يۇقۇم ئالدىدا، بىر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن جەزمەن ئالدىدا مېڭىشىم كېرەك» دېدى چى سۈۋېي. ھەر قېتىم بالىسى بىلەن سىنلىق سۆزلەشكەندە، بالىسى يىغلامسىراپ ئۇنىڭدىن قاچان ئۆيگە قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇنىڭ ئىچى ئاغرىپ، قايتا - قايتا: «يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، مەن قايتىپ بېرىپ سىزگە ھەمراھ بولىمەن» دەپ ۋەدە بېرەتتى.

### «ئاممىنىڭ بەختى ۋە ساغلاملىقىنى ياخشى قوغدايمەن»

1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، جيا شياۋيەننىڭ يان تېلېفونى كۆپ قېتىم سايراپ كەتتى، ئۇ قىزىدىن تېلېفون كەلگەنلىكىنى بىلەتتى. قىزى ئۇنى سېغىنغانىدى. جيا شياۋيەن ئۈرۈمچى شەھىرى تيانشان رايونى دۇڭمېن تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى جەنۇبىي جيەنگو يولى شىمالىي مەھەللىسى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولۇپ، ئېرى ياڭ شۇدۇڭ دۇڭمېن تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى دۇڭخۇۋ جەنۇبىي كوچىسى مەھەللە پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ئىدى. جيا شياۋيەن قىزىنىڭ ئۆزىگە تېلېفون قىلىپ ئالالمىسا، جەزمەن دادىسىغا تېلېفون قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. لېكىن مۇشۇ پەيتتە ئۇلار ئىككىسى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتاتتى: تەۋەلىك رايوندىكى خادىملارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈش، دېزىنفېكسىيە قىلىش خىزمىتى، ئاممىغا تەشۋىق قىلىش خىزمىتى، ئۆيدە ئايرىلىپ تۇرغان خادىملارنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجى، تاشلاندۇق ماسكىلارنى بىر تەرەپ قىلىش...

چاغاننىڭ ئالدىدا، ئەر - خوتۇن ئىككىسى بەلگىلىمە بويىچە دەم ئېلىشقا رۇخسەت سوراپ، قىزىنى ئېلىپ ساياھەتكە چىقىشقا تەييارلىق قىلغانىدى. لېكىن يۇقۇم ئالدىدا، ئىككىيلەن بىرىنچى ۋاقىتتا دەم ئېلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، خىزمەت ئورنىغا قايتىپ كەلدى. «مەن كومپارتىيە ئەزاسى، مېنىڭ زىممەمگە بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت يۈكلەنگەن، مۇشۇ ۋاقىتتا مەن ئالدىدا ماڭمىسام، كىم ئالدىدا ماڭىدۇ؟ مەن ئاممىنىڭ بەختى ۋە ساغلاملىقىنى ياخشى قوغداپ، تەۋەلىك رايوندىكى ئاھالىلەر بىلەن بىللە جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، قىيىن ئۆتكەلدىن بىرلىكتە ئۆتىمەن» دېدى جيا شياۋيەن.

«بىر قېتىملىق ۋاقىتلىق نۆۋەتچى پويىز چۈشتە ۋوگزالغا يېتىپ كېلىدۇ، 60 كىشىلىك چۈشلۈك تاماق تەييارلاڭلار.» 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئەمدىلا بىر قېتىملىق نۆۋەتچى پويىزنىڭ تامىقىنى پويىزغا يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرۇشى بىلەن، يەنە بىرەيلەن جاڭ چۇڭگاڭنى تۇتۇۋېلىپ ۋاقىتلىق كۆپەيتىلگەن چۈشلۈك تاماق سانىنى تاپشۇردى.

جاڭ چۇڭگاڭ جۇڭگو تۆمۈريول ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى كورلا فاڭچەن گوڭيۈ بۆلىكى خوتەن فاڭجيەن گوڭيۈ سېخى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولۇپ، ئۇ تۇرۇشلۇق فاڭجيەن گوڭيۈ سېخى خوتەن ۋوگزالىنىڭ نۆۋەتچى پويىز تامىقى ھەم ۋوگزال رايونىنىڭ خىزمەت تامىقىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، بىر كۈندە ئەڭ كۆپ بولغاندا 640 نەچچە كىشىلىك تاماق تەييارلايتتى.

43 ياشلىق جاڭ چۇڭگاڭنىڭ خوتۇنى بىلەن جەم بولىدىغان ۋاقتى ئاز، ئايرىلىپ تۇرىدىغان ۋاقتى كۆپ ئىدى، بۇ يىل چاغاندا ئەسلىدە ئۆيدىكىلەر بىلەن جەم بولىدىغان پۇرسەت كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن تاكى بۈگۈنگىچە، ئۇ خىزمەت ئورنىدا ئالدىراش بولۇپ كەتتى. كۈندۈزى ۋاقىت بولمىغاچقا، پەقەت كېچىدىلا ۋاقىت چىقىرىپ خوتۇنىغا تېلېفون قىلالايتتى. «بۇ ئالاھىدە پەيتتە، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۆزۈم ئۈلگە بولۇپ، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، تۆمۈريولنىڭ يۈرۈشۈشىنى ياخشى كاپالەتلەندۈرۈشۈم كېرەك» دېدى ئۇ.

1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى ئۈرۈمچى توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتى شەھەر رايونى 3 - توك بىلەن تەمىنلەش مەركىزىنىڭ دىرېكتورى خۇاڭ چىڭ ئىشقا چۈشۈپلا ئالدىراش بولۇپ كەتتى. تەۋەلىك رايوندىكى ئالتە جىددىي رېمونت قىلىش نۇقتىسىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئۇ يەنە ھاۋا رايى مەلۇماتىدا بوراندىن بېرىلگەن ئالدىن سىگنالغا ئاساسەن، جىددىي رېمونت قىلىش ماددىي ئەشيالىرى ۋە خادىملارنى ماسلاشتۇرۇپ، ئىككىنچى كۈنى ئۈستىگە ئېلىش مۇمكىنچىلىكى بولغان جىددىي رېمونت قىلىش ۋەزىپىسىگە ئاتلىنىشقا تەييارلىق قىلدى.

بىر كومپارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، خۇاڭ چىڭ 1 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن باشلاپ، ئۇدا ئىشلىدى. «بىزنىڭ تەۋەلىك رايوندا ئاھالىلەر توك ئىشلىتىشتىن باشقا، يەنە دوختۇرخانا ۋە تېببىي دورا ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى قاتارلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىۋاتقان ئورۇنلار بار، ئۇلارنىڭ بىخەتەر توك ئىشلىتىشىگە كاپالەتلىك قىلىش بىزنىڭ ئەڭ چوڭ مەسئۇلىيىتىمىز» دېدى خۇاڭ چىڭ.

«ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، يۇقۇم رايونىغا ياردەم قىلىش.» يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ يىندولەن ۋېيياۋ پاي چەكلىك شىركىتى جىددىي يىغىن ئېچىپ، ۋىرۇسقا تاقابىل تۇرۇش دورىسى مۇرەككەپ رېتسېپلىق يىزىخو ئەمىنى جەۋھىرىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى قارار قىلدى. شىركەت چەككىلەش سېخىنىڭ مۇدىرى، كومپارتىيە ئەزاسى خې ۋېيلىڭ چاغان مەزگىلىدە بىر كۈنمۇ دەم ئالمىدى، ھەر كۈنى 12 سائەت سېختا ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، تېببىي دورىلارنىڭ سۈپەت ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتتى. «شىركەت رەھبەرلىرى ئامبارنىڭ قۇرۇقدىلىپ كېتىشىگە قارىماي، تېببىي دورىلارنى بىرىنچى ۋاقىتتا ۋۇخەن ۋە پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا، ئەڭ ئېھتىياجلىق جايلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ خىل مۇھەببەت بىزنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى، بىز مەسئۇلىيىتىمىزنى تولۇق ئادا قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ساغلاملىقىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى تېببىي دورا ئىشلەپچىقىرىشقا سىڭدۈرىمىز» دېدى خې ۋېيلىڭ.

### «سىناقتا ئەسلىي مەقسەتنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىمەن، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممەمگە ئالىمەن»

«ئاساسىي قاتلام باج ئورگانلىرى كەڭ باج تاپشۇرغۇچىلار بىلەن بارىدى - كەلدى قىلىدۇ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالدىغا ئۆتۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى ياخشى قىلىش مەسئۇلىيىتى، مەجبۇرىيىتى بار» دېدى دۆلەت باج باش ئىدارىسى پىچان ناھىيەلىك باج ئىدارىسىنىڭ كادىرى لى ۋېي.

ئۇدا بىر قانچە كۈندىن بۇيان، پىچان ناھىيەلىك باج ئىدارىسىنىڭ كادىرلىرى توردا باج بېجىرىش ئۇسۇلىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، باج تاپشۇرغۇچىلارنى باج تاپشۇرۇش مۇلازىمەت زالىغا بارمايلا توردا ئۆزلۈكىدىن كەسىپ بېجىرىشكە يېتەكلىدى. «1 - ئاينىڭ 30 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، مەن ئېلېكترونلۇق باج ئىدارىسىدە ئىككى تۈرلۈك كەسىپنى بېجىردىم، ھەم توردا باج تاپشۇرغۇچىلارغا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلىپ، باج تاپشۇرۇش مەسىلىسىگە جاۋاب بەردىم.» لى ۋېي مۇنداق دېدى: بىر پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە باج تاپشۇرغۇچىلارغا مۇلازىمەت قىلىشنىڭ بىرىنچى سېپىگە ئاتلىنىپ، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە، سىناقتا ئۆزلۈكسىز ھالدا ئەسلىي مەقسەتنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممەمگە ئالىمەن.

1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئەتىگەندە، چاچلىرى ئاقارغان بىر بوۋاي بىلەن موماي پەرزەنتلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا، بۇرچىن ناھىيەلىك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قوماندانلىق ئىشتابىغا كەلدى. «كۆپچىلىك جاپا چەكتىڭلار!» بوۋاي ئىشىكتىن كىرىپلا نەق مەيداندىكى خىزمەتچىلەرگە چوڭقۇر تەزىم قىلدى.

«بىز بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە پۇل ئىئانە قىلماقچى.» بۇ سۆزنى قىلغىنى بۇرچىن ناھىيەسىنىڭ قوستىق بازىرى سارقۇم كەنتىدىكى پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى ئابلاقى ئۆتەش بولۇپ، بۇ يىل 80 ياشقا كىرگەنىدى. ئۇ خوتۇنى بىلەن 100 مىڭ يۈەنلىك ئامانەت چېكىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش قوماندانلىق ئىشتابىدا نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن كېيىڭنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. «كۆپچىلىك ياققان ئوت كۆككە تۇتىشار، ئىتتىپاقلىق كۈچ! بىز بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلاشساقلا، يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىق يوق» دېدى ئابلاقى ھاياجانلانغان ھالدا.

ئابلاقىنىڭ تۈرتكىسىدە، بۇرچىن ناھىيەسىدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما ئۆزلۈكىدىن «مەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە كۈچ چىقىرىمەن» مېھىر - شەپقەت ياردەم بېرىش پائالىيىتىنى تەشكىللىدى، نۆۋەتتە ئىئانە قىلىنغان پۇل، ماددىي بۇيۇملارنىڭ قىممىتى 1 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

«بۇ ئاچقۇچلۇق پەيتتە، مەن ئەڭ ماس كېلىدىغان نامزات، چۈنكى مەن بىر پارتىيە ئەزاسى، پارتىيە ئەزالىرى قىيىنچىلىق ئەڭ كۆپ جايلارغا بېرىپ، ئامما ئەڭ ئېھتىياجلىق جايلارغا بېرىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، بەلگە خادىسىنى تىكلىشى كېرەك!» كەنتتە پارتىيە ئەزالىرى ياردەم بېرىش ئەترىتى تەشكىللەيدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندا، غۇلجا ناھىيەسىنىڭ يېڭىتام بازىرى بورىچى كەنتىدىكى دېھقان پارتىيە ئەزاسى سۇن جىڭشەن دەرھال ئاۋاز قوشۇپ، نۆۋەتچىلىك نۇقتىسىغا بېرىپ چازىدا ئۇدا نەچچە كۈن جاسارەت بىلەن جەڭ قىلغان كەنت كادىرىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىشنى ئىلتىماس قىلدى.

يۇقۇم ئەھۋالى بار جايدا پارتىيە بايرىقى جەۋلان قىلىدۇ، پارتىيە بايرىقى بار جايدا مەنىۋى يېتەكلەش بولىدۇ، مۇھەببەتنىڭ يۆنىلىشى بولىدۇ!

**(مۇخبىرلىرىمىز جاڭ يۈنمېي، فۇ شياڭلۇڭ، رايىدە، ما يىنىڭ، خەن چىنيەن، يۈەن لېي، لۇ فېڭباۋ، چېن چياڭۋېي، شى شىن، مېھرىگۈل ناسىر، جاڭ تىڭ، جەزىرە نىيسىپېك، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز لى ۋېنلۇڭ، جى جىمىڭ، جياڭ يېجۈن يازغان)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)